# سلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر چۈشنى كۆرسە، ياخشى چۈش ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن بولىدۇ، ئاللاھقا ھەمدۇ-سەنا ئېيتسۇن ۋە بۇ چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرسۇن

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ:
سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ياقتۇرىدىغان بىر چۈشنى كۆرسە، ياخشى چۈش ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن بولىدۇ، ئاللاھقا ھەمدۇ-سەنا ئېيتسۇن ۋە بۇ چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرسۇن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە سۆزلەپ بەرسۇن. ئەگەر ياقتۇرمايدىغان چۈشنى كۆرسە ئۇ چۈش شەيتاننىڭ تەرىپىدىن بولىدۇ، شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىسۇن ۋە ئۇ چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمىسە، ئۇ كىشىگە ھېچ زىيان يەتمەيدۇ
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

مۇسۇلمان چۈشىدە خۇرسەن بولىدىغان چۈشنى كۆرسە، ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن بىشارەت بولۇپ، بۇ بېشارەتكە ئاساسەن ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلىسۇن ۋە ماختىسۇن. بۇ چۈشنى ئائىلىسى، خوشنىلىرى ۋە دوستلىرى ئارىسىدىكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغانلارغا سۆزلەپ بەرسۇن. ئەگەر ياقتۇرمايدىغان، قورقۇنۇچلۇق، ناچار چۈشنى كۆرگەن بولسا ياكى ئۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ياقتۇرمىسا بۇ شەيتانى خىيال بولۇپ، بۇنى شەيتان ئۇخلىغان كىشىنى قورقۇتۇش، بىئارام قىلىش ئۈچۈن شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنداق چۈشنى كۆرگەن ۋاقىتتا، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىسۇن

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3285